# باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق مۇقىملىق، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۈزلۈكسىز يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەسىلە، يېتەرسىزلىكلەرنى تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، تىرىشىش يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇردى، تۈزىتىش تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈرۈشتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، ئىدىيەسى چوڭقۇر ـ مەنىلىك بولۇپ، باش تېما تەربىيەسىنى ئەمەلىي تۇتۇش، شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن تىرىشىش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق بىر قېتىملىق كەسكىن، چوڭقۇر سىياسىي تەربىيە، ئىدىيەۋى تەربىيە، مەسئۇلىيەت تەربىيەسى، ئىستىل تەربىيەسى، ئىنتىزام تەربىيەسى ئالغانلىقىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەركەز 6 ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇر ئۆگىنىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى قەلبكە سىڭدۈرۈش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۇختا ئىشلەش، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى چىڭىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، باش تېما تەربىيەسىنى ئۈزلۈكسىز پۇختا چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ئىدىيەۋى تونۇشنىڭ دەل جايىدا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دىققەتنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ ۋەزىپىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىگە قارىتا، پارتىيەنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچىغا قارىتا، پارتىيە دۇچ كەلگەن خەۋپ ـ خەتەر، سىناقلارغا قارىتا تونۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەسىلىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىشنىڭ دەل جايىدا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقنىڭ روھى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى بويىچە قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، مەسىلىنى تېپىپ، توغرا تېپىپ، يىلتىزنى چوڭقۇر قېزىپ، ئىنچىكە قېزىپ، ياخشىلاش تەدبىرى ۋە تىرىشىش يۆنىلىشىنى ياخشى بېكىتىش، ئەمەلىي بېكىتىش كېرەك. تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ دەل جايىدا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دىققەتنى نۇقتىلىق مەسىلە ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، دەرھال چۈشىنىش، دەرھال ئۆزگەرتىش، ھەقىقىي ئۆزگەرتىش، ئەمەلىي ئۆزگەرتىش، ئومۇميۈزلۈك تۈزىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ مۇھىم بىلىدىغان ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىشنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇپ، ھەر مىللەت ئاممىغا باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇپ، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنىڭ دەل جايىدا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرى، رەھبىري كادىرلارنىڭ ئۈلگىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دەرىجىمۇدەرىجە مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، قاتلاممۇقاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. زىچ بىرلەشتۈرۈشنىڭ دەل جايىدا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى مۇقىملىق، تەرەققىياتقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، قەتئىي تۈردە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. سەييارە كۆزىتىش ـ يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ دەل جايىدا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قاتتىق، ئەمەلىي تۇتۇش، بېسىمنى سىجىل يەتكۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش، مۇقىملىق، تەرەققىياتقا دائىر تۈرلۈك ئىشلارنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۈزلۈكسىز يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

### شۆ خەيرۇڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە دەرسى دوكلاتى بەردى

## يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۋا** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايوننىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۆ خەيرۇڭ مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە دەرسى دوكلاتى بەردى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلىرى قاتارلىقلار دوكلاتنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەركەز 6 ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى قاتناشتى.

شۆ خەيرۇڭ «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىدە ماركسىزمنىڭ ھەقىقەت نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان بولۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرىدىغان يېتەكچى ئىدىيە» «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەت سېھرىي كۈچكە تولغان بولۇپ، كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي پەزىلىتىنى تاۋلايدىغان كۈچلۈك قورالى» «يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، جەزمەن قەتئىي تەۋرەنمەسلىك، ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك»تىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن ئۆگىنىش تەسراتى ۋە ھېس قىلغانلىرىنى باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىلەندى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە خىزمەت تەلىپىنى شەرھلىدى.

شۆ خەيرۇڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى سىجىل تەرتىپكە سېلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۇلىنى قەتئىي تەۋرەنمەي پۇختىلاش كېرەك؛ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ كۈچەيتىش كېرەك.

### جاڭ چۇنلىن «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە دەرسى دوكلاتى بەردى

## ئەسلى مەقسەت ـ بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تىرىشىپ ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل ناسىر** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۇنلىن مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە دەرسى دوكلاتى بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار دوكلاتنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى.

جاڭ چۇنلىن «‹ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش›قا بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن كوممۇنىزملىق ئۇلۇغۋار غايىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئېتىقادچىلىرى ۋە سادىق ئەمەلىيەتچىلىرىدىن بولۇش» «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا سىڭلىشتۇرۇپ، پەرق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى ئەستايىدىل تېپىپ چىقىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنىڭ تىرىشىش يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش» «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ‹1 + 3 + 3 + ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش› خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش»تىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتە كۆپچىلىك بىلەن تەسراتىنى ئالماشتۇردى.

جاڭ چۇنلىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنى پۇرسەت بىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا غايە ـ ئېتىقادنى مۇستەھكەملەپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك؛ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «بەشتە چىڭ تۇرۇش» خىزمەت تەلىپىگە توغرىلىنىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتىكى سىياسىي ئاڭلىقلىقنى ھەقىقىي تۈردە يەنىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك؛ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، باش نىشان ئارقىلىق ئىقتىسادىي خىزمەتكە بىرتۇتاش يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك؛ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇقىملىق ئېلىپ كەلگەن پايدىنى تارقىتىپ، ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«غۇلجىدا مۇنداق بىر ئادەت بار، كېلىن كۆچۈرىدىغان ئاپتوموبىل ئەترىتى قىز ـ يىگىتنى ئېلىپ چىققاندىن كېيىن ئىلى دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكىگە كېلىپ بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشۈپ، چوڭ كۆۋرۈكنى ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتىگە گۇۋاھ قىلىدۇ» دېدى غۇلجا شەھەر ئاھالىسى ئازات ھوشۇر.

ئىلى دەرياسىدىكى 2 ـ چوڭ كۆۋرۈكتە 2004 ـ يىلى ئىش باشلىنىپ، 2007 ـ يىلى پۈتكەن. بۇ پەۋقۇلئاددە چوڭ كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1800 مېتىر. شۇ جايدىكى كىشىلەر يېقىملىق قىلىپ ئۇنى ئىلى دەرياسى 2 ـ كۆۋرۈكى دەپ ئاتايدۇ. ئىلى دەرياسى 2 ـ كۆۋرۈكنىڭ پۈتۈشى ئىلى دەرياسى ھەۋزىسىنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تېزلەتتى.

ئىلى دەرياسىدىكى 3 ـ چوڭ كۆۋرۈك كۆكدالا چوڭ كۆۋرۈكى بۇ يىل پات ئارىدا پۈتىدۇ. بۇ چوڭ كۆۋرۈك 2016 ـ يىلى سېلىنىشقا باشلىغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2527 مېتىر. كۆكدالا چوڭ كۆۋرۈكىدە قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، ئىككى قىرغاقتىكى قىسمەن ناھىيە، يېزا، تۈەن ـ چاڭلار ئارىسىدىكى قاتناش ئارىلىقى 30 كىلومېتىردىن 100 كىلومېتىرغىچە قىسقىراپ، غۇلجا شەھىرى بىلەن كۆكدالا شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات قوش موتورىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا ئالدىنقى يېرىم يىلدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى دۇچ كېلىدىغان ۋەزىيەت ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىندى. يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. بىرىنچىدىن، ئىدىيەۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى قانۇنىيەتلىك تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئىلمىي يول تۇتۇشقا ئەمەل قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشنى قەدىرلەپ، ماسلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، يېشىل بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ، «1 + 3 + 3 + ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، سۈپەت ئۆزگىرىشكە، ئۈنۈم ئۆزگىرىشكە، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. تۆتىنچىدىن، تەرەققىياتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، «قۇرۇلۇش ئەترىتى باشلىقى»لىقنى ھەقىقىي ياخشى قىلىپ، بازار سۇبيېكتى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش جەريانىدا يولۇققان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى پائال تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلاشتۇرۇش، ھەل قىلىش كېرەك. بەشىنچىدىن، ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇپ، مۇقىملىق ۋە ئىسلاھات پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىپ، پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى، ئاساسىي ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، خېرىدار چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىشنى كېڭەيتىش، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىش، ئىچكى ـ تاشقى ئېچىۋېتىش قاتارلىق ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈش كېرەك. ئالتىنچىدىن، پائال تەشەببۇسكارلىق بىلەن پىلانلاپ، ھەر خىل ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن تولۇق، ياخشى، جانلىق پايدىلىنىپ، ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمنى سىجىل چوڭايتىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇش كېرەك. يەتتىنچىدىن، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش سۈپىتىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، كەسىپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش سالمىقىنى زورايتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئەلا سۈپەتلىك كارخانىلارنى شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ، كەسپلەرنى كۆللەندۈرۈشكە جەلپ قىلىپ، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. سەككىزىنچىدىن، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، دائىم هوشيار تۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، بىرىكمە مۇشتنى ئېتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتىپ، تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. توققۇزىنچىدىن، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش، تەھلىل قىلىشنى ۋاقتىدا كۈچەيتىپ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى توغرا تېپىپ، كونكرېت تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۆ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۇنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

## تارباغاتاي ۋىلايىتى پۈتۈن رايون ساياھىتىنى كۈچەپ ياخشى ئىشلىمەكتە

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۆركەم، ھەيۋەتلىك تيانشان رەسىم كارىدورى، قەدىمىي، تەبىئىي يايلاق مەنزىرىسى، ئۇستىلىق بىلەن ياسالغاندەك ياراڭ يەر شەكلى، مول، رەڭدار مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتى... بايلىق ئەۋزەللىكى جەھەتتە، تارباغاتاي ۋىلايىتى پۈتۈن رايون ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەبىئىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە.

قانداق قىلغاندا بايلىق ئەۋزەللىكىنى تەرەققىيات ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى چەي خۇڭخۇا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھازىر، تارباغاتاي ۋىلايىتى ئۈچ ساياھەت ئاساسىي لىنىيە يولى ھەم يۈرۈشلۈك ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، چۆچەك ـ دۆربىلجىن ئويمانلىقى، شىخو ۋە ساۋەن، قوبۇقسارىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ساياھەت بۆلىكىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ مەنزىرە رايونىنى بەرپا قىلىپ، خاسلىقى روشەن بولغان ساياھەت مەنزىلى سىستېمىسىنى يېتىلدۈرمەكتە. دۆلەت يولى 219 ـ لىنىيەسىنى بويلاپ، چۆچەك ـ دۆربىلجىن ئويمانلىقىدىكى بەش ناھىيە (شەھەر)دىكى ئون مەنزىرە رايونىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك بايلىقىنى بىرىكتۈرۈپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ چۆچەك ـ دۆربىلجىن ئويمانلىقى چېگرا بوستانلىقى پۈتۈن رايون ساياھىتى ئۆلگە كۆرسىتىش رايونىنى ئورتاق بەرپا قىلدى؛ ئۆلكە يولى 101 ـ ساياھەت ئايلانما لىنىيەسى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، شىخو ۋە ساۋەن بۆلىكىدىكى تيانشان رەسىم كارىدورى پۈتۈن رايون ساياھەت ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلدى؛ ئۆلكە يولى 318 ـ ساياھەت ئايلانما لىنىيەسى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، قوبۇقسار «جۇڭگو .موشى ھور بۇلاق كۆتۈنۈش خەلقئارا ساياھەت ئارامگاھ رايونى» 4A دەرىجىلىك ساياھەت رايونى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ، ساياھەتچىلىك كەسپىنى ھەقىقىي تۈردە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تۈۋرۈك كەسپى ۋە ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدىكى مۇھىم موتورىغا ئايلاندۇردى.

چەي خۇڭخۇا تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: كېيىنكى قەدەمدە، تارباغاتاي ۋىلايىتى مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئېسىل مەنزىرە رايونىنى بەرپا قىلىپ، تۆمۈريول، تاشيول، خەلق ئاۋىياتسىيەسى ئىستېرېئولۇق قاتناش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ «ماي بوياق رەسىم تارباغاتاي، يىپەك يولىدىكى پاكىز تۇپراق، كۈتۈنىدىغان گۈزەل جاي»دىن ئىبارەت تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ساياھەت ئوبرازى شوئارىنى ياڭرىتىپ، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ساياھەت تەشۋىقات تونۇشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، تارباغاتاي ۋىلايىتى ساياھىتىنىڭ داڭقى ۋە ياخشى نام ـ ئابرۇيىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنى تارباغاتاي ۋىلايىتىگە كېلىپ ساياھەت ـ تاماشا قىلىشقا جەلپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تارباغاتاي يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار، مىللىي قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ھەم كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق ساياھەت تاۋارلىرىنى ئىجادىي ئېچىشقا كۈچەپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ خاس ساياھەت تاۋار ماركىسىنى تىكلەيدۇ.